## 4082 ـ قىز-خانىملار رامزان روزىسىنىڭ قازاسىنى بالدۇر تۈتامدۇ ياكى شەۋۋال ئېيىدىكى ئالتە كۈن روزىنىمۇ؟

### سۇئال

سوئال: قىز-خانىملار ھەيز ـ نىپاس ۋە بەزى ئۆزۈرلەر سەۋەبى بىلەن تۇتالمىغان رامزان روزىسىنى بالدۇر باشلامدۇ ياكى شەۋۋال ئېيىدىكى ئالتە كۈن نەپلە روزىنىمۇ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق ھەمدۇ- سانا ۋە ماختاشلار ئاللاھقا خاستۇر.ئەگەر ھەدىستە زىكىر قىلىنغان تەرتىپ بويۇنچە قىلمەن دەيدىكەن، ئالدى بىلەن رامزان روزىسىنىڭ قازاسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئالتە كۈن شەۋۋال روزىسىنى تۇتۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ . بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كىمكى رامزان روزىسىنى تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا شەۋۋال ئېيىدىن ئالتە كۈن روزىنى ئەگەشتۈرۈپ تۇتسا يىل بويى روزا تۇتقانغا ئوخشاش بولىدۇ. (بۇ ھەدىسنى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. 1984-نومۇرلۇق ھەدىس).

ئەمما بەزى ئۆلىمالارنىڭ كۆز قارىشىدا, پەرز قازا روزىنى كېلەر يىل رامزان كېلىشتىن ئىلگىرى تۇتۇشقا پۇرسەت بارلىقىنى ئېتىبارغا ئالغان ھالدا، شەۋۋال ئېيىدىكى ئالتە كۈن روزىنى، قازا روزىدىن ئىلگىرى تۇتۇش جايىز دەپ قارىلىدۇ.

ھەممىنىڭ توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچى.